# شەۋۋال ئېيىدا ئالتە كۈن روزا تۇتۇشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

[ئۇيغۇرچە]

فضائل صوم الست في شهر شوال

[باللغة الأويغورية]

ئا. قارلۇقى

ع. قارلوقي

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ن. تەمكىنى

المراجعة: ن. تمكيني

رىياد شەھرى رەبۋە رايونى دىن تەشۋىقات ھەمكارلىق مەركىزى

المكتب التعاوني للدعوة وتوعية الجاليات بالربوة بمدينة الرياض

1428 – 2007

islamhouse.com

# شەۋۋال ئېيىدا ئالتە كۈن روزا تۇتۇشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

## ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

ھەممەيلەنگە مەلۇمكى مۇسۇلمان كىشىنىڭ ۋەزىپىسى ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ بۇيرىغانلىرىنى تولۇق ئورۇنداشقا تىرىشىش، جايىدا ئادا قىلىشقا ئۇرۇنۇشتىن ئىبارەتتۇر.

ئاللاھنىڭ يوليورۇقى بويىچە رامىزان روزىسىنى ئادا قىلغان مۇسۇلمانلار ئۈچۈن دىنىمىز ئىسلام پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق بىزگە شەۋۋال ئېيىدا ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بىر كاتتا ئىبادەتتىن خەۋەر بەردى ۋە بۇ ئىبادەتنى ئورۇنداشقا مۇسۇلمانلارنى رىغبەتلەندۈردى.

ئەبۇئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى رامىزان روزىسىنى تۇتۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا شەۋۋال ئېيىدىن ئالتە كۈن روزىنى ئەگەشتۈرۈپ تۇتسا يىل بويى روزا تۇتقانغا ئوخشاش بولىدۇ». [بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان]

ئىمام نەۋەۋىي ـ ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن- ئۆلىمالارنىڭ بۇ ھەدىس ھەققىدىكى سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ «يىل بويى تۇتقان روزىغا تەڭ بولىدۇ؛ چۈنكى، ھەر بىر ياخشىلىققا ئون ساۋاب بېرىلىدۇ، رامىزان روزىسى ئون ئايغا تەڭدۇر، شەۋۋالدا تۇتۇلغان ئالتە كۈن روزا بولسا، ئىككى ئايغا باراۋەردۇر.» دېسە، ھافىز ئىبنى رەجەب مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ: «شەۋۋال ئېيىدا تۇتۇلغان روزا پەزىلەت جەھەتتە رامىزان روزىسىغا ئەگىشىپ كېلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ساۋابى بىر يىللىق پەرز روزىنىڭ ساۋابىغا باراۋەردۇر.»

جانابى ئاللاھ بىزنى بۇنداق كاتتا ئەجىر ۋە ئىنئامدىن مەھرۇم قىلمىسۇن، ئامىن!

ئۆلىمالىرىمىز، شەۋۋال ئېيىدا تۇتۇلىدىغان روزىنىڭ قاچان، قانداق تۇتىلىدىغانلىقى ھەققىدە بىر قاتار ئىجتىھادلارنى ئوتتۇرىغا قويغان؛ مەسىلەن، ھەنەفىي ۋە شافىئىيلار ئارقا- ئارقىدىن ئالتە كۈن روزا تۇتۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى، ئەمما ئارىلىقىدا بىر قانچە كۈن ئۈزۈپ تۇتسىمۇ، سۈننەتتە بايان قىلىنغان ئەجىرگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ئارقىمۇئارقا تۇتۇش ۋەياكى كۈن ئاتلىتىپ تۇتۇشنىڭ ئەجىر ۋە ساۋاب جەھەتتە ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

شەۋۋال ئېيىدا تۇتۇلىدىغان بۇ روزا قاچاندىن باشلاپ تۇتۇلىشى كېرەك؟

- شەۋۋال ئېيىنىڭ بىرىنچى كۈنى ھېيت بولغانلىقى ئۈچۈن ئىككىنچى كۈندىن باشلاپ، ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر تۇتۇشقا بولىدۇ. ئەمما، ئۆلىمالارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ «ياخشىلىقتا ئالدىراڭلار» ئەمرىگە ئاساسەن شەۋۋالنىڭ بېشىدا تۇتۇشنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

شەۋۋال ئېيىدا تۇتۇلىدىغان بۇ روزىنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىشنىڭ ئاساسلىق شەرتى رامىزان ئېيىدا تۇتالماي قالغان رۇزىسى بارلارنىڭ ئالدى بىلەن رامىزان رۇزىسىنىڭ قازاسىنى ئادا قىلىشلىرىدۇر. بۇنىڭغا ئايال مۇسۇلمانلارنىڭ بەكرەك دىققەت قىلىشلىرى لازىم.

ئەمما شۇنىمۇ ئەسكەرتىش لازىمكى، ئىبادەتنىڭ مۇئەييەن پەسلى يوقتۇر، سالىھ كىشىلەر رامىزاندا پەرۋەردىگارىغا قانداق ئىبادەت قىلغان بولسا، يىلنىڭ باشقا پەيتلىرىدىمۇ شۇنداق ئىبادەت قىلىدۇ، ھەقىقىي مۇسۇلمان، يالغۇز رامىزانلىقلا مۇسۇلمان بولۇپ، يىلنىڭ باشقا ۋاقتىنى ھاۋايى- ھەۋەسلىرىگە قۇربان قىلىۋەتمىگەن كىشىدۇر. ئاللاھ ھەممىمىزنى ئىمانىغا، ئېتىقادىغا سادىق مۇسۇلمانلاردىن قىلسۇن، ئامىن!